# تاكسى شوپۇرىنىڭ يولۇچىلارنى شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشى توغرىمۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

إيصال صاحب سيارة الأجرة الركاب إلى الأماكن المحرمة

[باللغة الأويغورية]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىين

المفتي: الشيخ محمد بن صالح العثيمين

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1430 - 2009

# تاكسى شوپۇرىنىڭ يولۇچىلارنى شەرىئەتتە چەكلەنگەن ناشايان ئىش-ھەرىكەتلەر سادىر بولىدىغان ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشى توغرىمۇ؟

3609-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن بىر تاكسى شوپۇرى، بەزى يولۇچىلار يىرىم يولغا كەلگەندە ھاراق ساتىدىغان دۇكاننىڭ يېنىدا توختۇتۇشۇمنى تەلەپ قىلىپ، چۈشۈپ ھاراق ئېچىپ چىقىدۇ. بەزىلىرى كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئاپىرىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ، مېنىڭ بۇ شەكىلدە تاكسىچىلىق قىلىشىم توغرىمۇ؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ سۇئال پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىيندىن سورالغىنىدا، شەيخ مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: تاكسىغا چىققان يولۇچىلارنى ھاراق ئېچىدىغان ۋە كېچىلىك كۆڭۈل ئاچىدىغان ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ قويۇش قەتئىي توغرا ئەمەس، بەلكى دىنىمىزدا بۇنداق ئىشلارغا ھەمكارلىشىش چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار». ھەممىدىن توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

(دىمەك؛ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش، جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ھەسسە قوشۇش بولۇپ، مىللەتنىڭ نورمال ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەقلى جايىدا، ۋىجدانلىق بىر ئىنسان، پۇل-مالنى دەپ، دىنى، مىللىتى، ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلىپ، مىللىتىنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇشىغا ھەرگىزمۇ يول قويالمايدۇ.-م- )